سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

# ئالتۇن كۈزدە مول ھوسۇلنى تەبرىكلەش بىرلىكتە ۋەتەنگە بەخت تىلەش

## —— ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار كۆپ خىل شەكىلدە «جۇڭگو دېھقانلار مول ھوسۇل بايرىمى»نى تەبرىكلىدى

**جۇڭگو دېھقانلار مول ھوسۇل بايرىمى**

كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشتى، مول ھوسۇل پەيتى يېتىپ كەلدى. 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار مول ھوسۇلنى كۈتۈۋېلىپ، مول ھوسۇلنى نامايان قىلىپ، مول ھوسۇلنى تەبرىكلەپ، توردا بىۋاسىتە كۆرسىتىش، قىزىقارلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى بىللە قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلدە «جۇڭگو دېھقانلار مول ھوسۇل بايرىمى»نى تەبرىكلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكۈلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى يېڭى نەتىجىلەرنى كۆرگەزمە قىلىپ، يېزا - كەنت قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى نامايان قىلىپ، دېھقانلار تۇرمۇشىدىكى يېڭى قىياپەتنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ۋەتەننىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشى، روناق تېپىشىغا بىرلىكتە بەخت تىلىدى.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سەھەردىلا، بورتالا شەھىرى بىلىن خارمودۇن يېزىسى جۇغۇن كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى قورۇسى ناھايىتى قىزىپ كەتتى، بۇ يەردە كۆممقوناق ئۈۋاش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى، ماھىرلار رەتلىك زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، يەڭلىرىنى تۈرۈپ، باش چۆكۈرۈپ كۆممقوناق ئۈۋاۋاتاتتى.

«بۇنداق تەبرىكلەش ئۇسۇلى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك. دۆلەتنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزىدىغان ياخشى سىياسەتلىرى بولغاچقا، بۇ يىل يەنە مول ھوسۇللۇق يىل بولدى.» بۇ يىل ئەتىيازدا، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۆغىن كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى لى جىن ئۇن مو يەرگە كۆممقوناق تېرىدى، مو بېشى مەھسۇلاتى 1100 كىلوگرامدىن ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى.

باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ سەنتاغخۇ بازىرىدا، 500 نەچچە مو يەردىكى لازىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قىزىرىپ بولغانىدى. ئۆزگىچە مول ھوسۇل بايرىمى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، بازاردىكى كادىرلار كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەمگەك قىلىشنى تاللىدى. «بۇ يىل لازىدىن مول ھوسۇل ئېلىندى، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئادەم كۈچى يېتىشمەيدۇ، لازا ئۈزۈشنىڭ ئالتۇن پەيتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، بىز سەھەردىلا ئېتىزغا كېلىپ ئۇلارنىڭ لازا ئۈزۈشىگە ياردەملەشتۇق، كەينىدىن يەنە لازىلارنى ئادالىدۇق، ئاپتاپقا يايدۇق» دېدى سەنتاغخۇ بازارلىق پارتكومىنىڭ ئەزاسى جاڭ خېيخۇي.

ئاۋات ناھىيەسىدىكى دولان قەبىلىسى مەنزىرە رايونىدا، كەنت ئاھالىلىرى ۋە ساياھەتچىلەر دېھقانچىلىق ئىشلىرى مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى باھالاش، ناخشا - ئۇسسۇل ماھارىتىنى نامايان قىلىش، دېھقانلار رەسىم كۆرگەزمىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرگە بىرلىكتە قاتنىشىپ، «جۇڭگو دېھقانلار مول ھوسۇل بايرىمى»نى ئورتاق تەبرىكلىدى.

باغراش ناھىيەسىنىڭ ئۇلان جېكسېن يېزىسى شىزى موخۇر كەنتىدە، كەنت ئاھالىسى زورەم رەھمەت باغراش ناھىيەلىك باج ئىدارىسىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى، كەنت كادىرلىرىدىن بولۇپ ئوندىن ئارتۇق كىشىنى ھويلىسىدىكى ئۈزۈم، شاپتۇل، كاۋىلارنى بىرلىكتە ئۈزۈپ، كۈزنىڭ مېۋىسىگە ئورتاق ئېغىز تېگىپ، مول ھوسۇلنى تەبرىكلەشكە تەكلىپ قىلدى.

ھەرقايسى جايلار قانات يايدۇرغان تۈرلۈك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدىن باشقا، بىر مەيدان توردا بىۋاسىتە كۆرسىتىش پائالىيىتى شۇ كۈنى «توردا ئالقىشلاندى».

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سائەت 11دىن باشلاپ، شىنجاڭ گېزىتخانىسى(شىنجاڭ گېزىتچىلىك - تاراتقۇ ‹گۇرۇھ› چەكلىك شىركىتى) ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتى بىلەن بىرلىكتە قانات يايدۇرغان بىر مەيدان تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىنى ھالقىغان، 12 جاي بىرلىكتە ھەرىكەتلەنگەن چوڭ تىپتىكى بىۋاسىتە كۆرسىتىش —— «رەڭدارلىققا تولغان شىنجاڭنىڭ مول ھوسۇل پەسلى بىرلىكتە ۋەتەنگە بەخت تىلەش» پائالىيىتى كەڭ تورداشلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئۈچ سائەتلىك ئەمەلىي بىۋاسىتە كۆرسىتىش جەريانىدا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا توردا كۆرگەن تاماشىبىن 1 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشقان.

بەختلىك تۇرمۇشنى كۈيلەش، باياشات كۈنلەردە ئۇسسۇلغا چۈشۈش. 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كەچتە، شىنجاڭ رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگەن «مول ھوسۇللۇق جۇڭگو . شىنجاڭ گۈزەل» 2019 - يىللىق «جۇڭگو دېھقانلار مول ھوسۇل بايرىمى» چوڭ بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش نومۇرى شىنجاڭ سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيەسىدە كۆرسىتىلدى، باش رول ئالغان دېھقان دوستلار ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە تاماشىبىنلارغا ئۆزلىرىنىڭ خاس مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ كەلدى.

**(مۇخبىرلىرىمىز رەيىدە، دۇ جيەنخۇي، سۇڭ ياۋبىن، جاڭ جىلى، خەن چىنيەن، جاڭ تىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز ۋاڭ مىنپىڭ، ۋاڭ چۇڭياڭ، ۋاڭ يەنچى، فېڭ جيېگيۈن يازغان)**

(بېشى 1 - بەتتە)

تەرەققىي قىلىپ ئالغا باسىدىغان، گۈللىنىپ روناق تاپىدىغان داغدام يولدا مېڭىپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

چوڭ قەدەمدە مەردانە قىياپەت نامايان بولدى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شىنجاڭ مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، «ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى»نى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ياخشى قىلىپ، «ئۈچ تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەت»نى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، ئىسلاھات تەپەككۇرى ۋە ئېچىۋېتىش نەزەرى بىلەن، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ قالتىس يۈكسەك رەسىمىنى تىرىشىپ سىزىپ چىقتى.

### ■ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇش

ئۇزاق كېچىنى ئۆتكۈزۈپ تاڭنىڭ يورۇشىنى كۈتۈۋالغانغا ئوخشاش، تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە يېڭى ھايات ئېلىپ كەلدى.

85 ياشلىق ھەسەنجان ياسىن ئەينى چاغدىكى مەنزىرىنى ئەسلىگىنىدە ھېلىھەم ناھايىتى ھاياجانلىنىدۇ: «ئۆتمۈشتىكى ئۇزاق يىللىق زۇلۇم ۋە ئېكسپلاتاتسىيە كەلمەسكە كەتتى، ھازىرقى يېپيېڭى، خەلق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان جۇڭگو شىنجاڭ بىزنىڭ ھەقىقىي ئائىلەمىز».

ئائىلە قۇرۇلدى، ئەمما ئىگىلىك تېخى تىكلەنمىدى. ئەينى چاغدا شىنجاڭ ئەمدىلا قەدەم ئېلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ھەم نامرات، ھەم قالاق دېيىشكە بولاتتى، بىر تال تۆمۈر مىخنىمۇ ئىشلەپچىقىرالمايتتى، بىرەر غېرىچ تۆمۈريولمۇ يوق ئىدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن نامرات ئىدى.

ئاساس ناچار، ئۇل ئاجىز، قەرز كۆپ ئىدى. قىيىنچىلىق ۋە ئۈزۈكچىلىك ۋەزىيىتى كىشىلەرنى مەيۈسلەندۈرەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسى، جەسۇرانە ئىرادىسىنى ئۇرغۇتتى، چوقۇم ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىدىكى شىنجاڭنى يېڭىچە قىياپەتتە قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك!

ھەممە ئىش مۇشۇ يەردىن باشلاندى، ھەممە مۇشۇ سەۋەبلىك قۇدرەت تاپتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، باشتىن - ئاخىر چېگرا رايوننىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىش، ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى بىر تۈرلۈك تۈپ سىياسەت قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي باسقۇچتا، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچلۈك تەدبىرلەرنى كەينى - كەينىدىن يولغا قويدى.

شەھەرلەر قۇرۇلدى، زاۋۇتلار ئېچىلدى، تاشيوللار ياسالدى، قاتار - قاتار دەرەخلەر تىكىلدى... قەدىمىي تۇپراق قايتىدىن ئويغىتىلىپ، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇتۇلدى.

1978 - يىلى، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇش ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا باھار شامىلى ھەممە جاينى قاپلىدى.

خەن جيەنگاڭ يۈك - تاقلىرىنى ئېلىپ، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى، بۇ، 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى ئىدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ شەرق شامىلىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۇنىڭ ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى سودىسى قىزىپ كەتتى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە رىشتە باغلاپ، شىنجاڭ خىزمىتىگە نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاما يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشاننى زىچ چۆرىدەپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلىدى، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يەڭدى، تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا تارىخىي خاراكتېرلىك غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.

گۇرۇپپا - گۇرۇپپا سانلىق مەلۇماتلاردا شىنجاڭنىڭ ھالقىشى بىۋاسىتە خاتىرىلەنگەن: ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 1952 - يىلدىكى 791 مىليون يۈەندىن 2018 - يىلدىكى 1 تىرىليون 200 مىليارد يۈەنگە كۆپىيىپ، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، 200.7 ھەسسە ئېشىپ، يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8.3% ئاشقان؛ شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1978 - يىلدىكى 319 يۈەن ۋە 119 يۈەندىن، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 2018 - يىلدىكى 32 مىڭ 764 يۈەن ۋە 11 مىڭ 975 يۈەنگە ئۆسۈپ، يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 12.3% ۋە 12.2% ئاشقان.

دەۋر زور دولقۇنى ئۆركەشلەپ ئالغا ئىلگىرىلىدى، ھەربىر ئادەمنىڭ تەقدىرى بۇ سەۋەبلىك ئۆزگەردى. ھەسەنجان بۈگۈنكى كۈندە ياشانغاندا كۈتۈنەلەيدىغان، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكتىن غەم قىلمايدىغان بولدى، بالىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇقىم خىزمىتى بار. خەن جيەنگاڭ ئەينى يىللاردا يىغقان دەسمايىسىگە تايىنىپ، يول بويى زەپەر مارشى ياڭرىتىپ باتۇرانە ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭ تيەنشىن كارخانا(گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتىنى قۇردى ھەم بۇ يىل شەرەپ بىلەن 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى زاتلار «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر قۇرغۇچىسى» نامىغا ئېرىشتى.

بۈگۈنكى شىنجاڭدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش سۈرئىتى تېخىمۇ تېزلەشتى، ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچ كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، شەھەر - يېزىلارنىڭ قىياپىتى يېڭى تۈسكە كىردى. ئىلگىرى تەلپۈنگەن گۈزەل تۇرمۇش ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچنىڭ كۈنسېرى ئېشىشىغا ئەگىشىپ، قەدەممۇقەدەم رېئاللىققا ئايلانماقتا.

### ■ قۇرۇلمىنى تەڭشەش ھەممە كەسىپلەر گۈللىنىش

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، شىنجاڭنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى يەككە، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسى بىرقەدەر تۆۋەن بولۇپ، بىكىنمە ھالەتتىكى ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش خاراكتېرلىك يېزا ئىگىلىكى ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق تەبىئىي ئىقتىساد قۇرۇلمىسىغا تەۋە ئىدى.

1955 - يىلى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 50%تىن يۇقىرى بولۇپ، بۇ، تىپىك ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كەسىپ ئەندىزىسى ئىدى.

83 ياشلىق لى زاۋلىن گوچۇڭ ناھىيەسى بەنجىگۇ بازىرىنىڭ ياۋزەنزە كەنتىدە بىر ئۆمۈر ياشىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: 20 - ئەسىرنىڭ 50 -، 60 - يىللىرىدا، بۇغداينى بىر ئورغاق - بىر ئورغاقتىن ئورۇيتتۇق، ئوغۇت ۋە ئاشلىقنى يۈدۈپ توشۇيتتۇق، نەچچە مو يەرنى تېرىش ئۈچۈن پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ھېرىپ ھالىمىزدىن كېتەتتۇق.

20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن باشلاپ، چوڭ تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى، زەنجىر چاقلىق تراكتور شىنجاڭغا كىرىپ، تەدرىجىي ئۇلاغ كۈچىگە تايىنىدىغان يېزا ئىگىلىك ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى؛ 80 - يىللاردا يوپۇق يېيىپ تېرىيدىغان بىرىكمە سىپىلكىدا چۈنەك تارتىش، ئوغۇتلاش، يوپۇق يېيىش، تۆشۈك ئېچىش، ئۇرۇق سېلىش قاتارلىق مەشغۇلاتلار بىراقلا تاماملىنىدىغان بولدى، شىنجاڭدىكى نۇرغۇن دېھقان «قەددىنى رۇسلاپ» تېرىقچىلىق قىلالايدىغان بولدى؛ يېڭى ئەسىر كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنا - ئۈسكۈنلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش سالمىقى ئۈزلۈكسىز زورايدى، بىر تۈركۈم ئاپتوماتلاشقان، ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بەس - بەستە ئېتىز - ئېرىق باشلىرىدا پەيدا بولدى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شىنجاڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ئۈنۈمسىز تەمىنلەشنى زور كۈچ بىلەن تۈگىتىپ، يېڭى كەسىپ، يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى كۈچەيتىپ ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى.

بۈگۈنكى كۈندە، يەرنى بىرلەشتۈرۈپ تۈزلەش، تۇخۇملاپ تېرىش، سۇ تېجەپ تېمىتىپ سۇغىرىش، تۇپراقنى رېتسېپلىق ئوغۇتلاش، ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا «بىرنى يۈركۈپ، ئۆچتىن مۇداپىئەلىنىش»، كومبايىندا ئورۇش قاتارلىق ئىلغار ماشىنا ۋە تېخنىكىلار قوللىنىلىپ، بىر ئادەم 1000 مو ئېتىزنى باشقۇرالايدىغان بولدى، تەبىئەتكە بېقىنىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئۈزۈل - كېسىل تارىخقا ئايلاندى. يېزا ئىگىلىكنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش جەريانىدا، شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ۋە مۇھىم قۇرۇق، ھۆل مېۋە ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى.

ھازىر، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونلىرى، كەسىپ يېتىلدۈرۈش باغچىلىرىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ماشىنىلار گۈركىرەۋاتقان، ئاپتوموبىللار توختىماي مېڭىۋاتقان، ئىشچىلار ئالدىراش ئىشلەۋاتقان مەنزىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئالاھىدە ترانسفورموتور سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، گۇاڭخۇي گۇرۇھى، جۇڭتەي خىمىيە(گۇرۇھ) پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ تيەنيې(گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گۇرۇھى قاتارلىق بىر تۈركۈم يەرلىك سانائەت كارخانىلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ زورىيىپ، يەرلىك سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان ئاساسىي قوشۇنغا ئايلاندى.

ھېچقانداق سانائەت يوق دېيەرلىك بولۇشتىن، قاتار - قاتار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان زامانىۋىلاشقان زاۋۇتلار يايپېشىل تاغلار، سۈزۈك سۇلار ئارىسىدا گەۋدىلىنىپ تۇرۇشقىچە. 70 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا تۈرلىرى تولۇق بولغان سانائەت سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ، سانائەت جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ 1 -، 2 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئۆزگىچە خاس گۈزەل كەسىپلەرنى يېتىشتۈردى، زورايتتى. ساياھەت، سودا ئەشيا ئوبوروتى، ئۇچۇر مۇلازىمىتى قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى 3 - كەسىپنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، 2018 - يىلى 62.3%كە يەتتى. نوقۇل بىرلا كەسىپكە تايىنىشنى ئاساس قىلىشتىن، ئۈچ كەسىپكە تايىنىپ ئورتاق تۈرتكە بولۇشقا ئۆتۈپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات زاپاس كۈچى تېخىمۇ كۈچەيدى.

قۇرۇلمىنىڭ بىر خىللا بولۇشىدىن ھەممە كەسىپلەرنىڭ گۈللىنىشىگىچە، كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئەلالىشىشى ۋە دەرىجىسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى شىنجاڭنىڭ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش ئىزلىرىنى خاتىرىلىمەكتە.

### ■ ئېچىۋېتىش ئەندىزىسى دۇنياغا قۇچاق ئېچىش

چېكىسىگە ئاق سانجىغان ئادىل ئابدۇراخمان ئىلگىرى باقتۇ پورتىدا 20 يىل خىزمەت قىلغان. ئۇنىڭ خاتىرىسىدە ئەڭ دەسلەپتىكى باقتۇ پورتى قاقاس، تىمتاس ئىدى. «ئۇ چاغدا، پورتتا بىرلا دۆلەت دەرۋازىسى قاراۋۇلخانىسى، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاندا - ساندا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان دېھقان ئۆيلىرىلا بولۇپ، ئادەملەر ئاز، ئاپتوموبىل ئۇچرىتىش تەس ئىدى».

يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، باقتۇ پورتى «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش زور ئارقا كۆرۈنۈشىدە، مىسلىسىز تەرەققىيات پۇرسىتىنى كۈتۈۋالدى. بىرلەشمە تەكشۈرۈش زالى، چېگرا ئاھالىسى ئۆتۈشمە بازىرى سودا رايونى قاتارلىق يېپيېڭى زامانىۋى ئىمارەت، ئەسلىھەلەر قەد كۆتۈردى؛ «ئاقىل پورت» قۇرۇلۇشى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىلىپ، يولۇچى، مال، ئاپتوموبىللارنىڭ تاموژنىدىن ئۆتۈش ئۈنۈمى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈلدى؛ سىياسەت ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى يېشىل يولى، چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودىسىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىلدى.

بۇ يىل 1 - ئايدىن 5 - ئايغىچە، باقتۇ پورتىدا ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 76 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 9.49% ئاشتى؛ مال قىممىتى 166 مىليون 842 مىڭ 100 دوللارغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 18.01% ئاشتى. يېڭى ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىدە توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇرغان يولۇچىلار ۋە يۈك ئاپتوموبىللىرى پورتتىن ئۈزلۈكسىز كىرىپ - چىقىپ، تارباغاتايدىن ئىبارەت بۇ ئىلگىرىكى «ئەڭ چەت جاي»نى بۈگۈنكى كۈندە ئېچىۋېتىشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئايلاندۇردى.

بۈگۈنكى شىنجاڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز تېزلىتىپ، ئوتتۇرا، غەربىي، جەنۇبىي ئاسىيا، ھەتتا ياۋروپا بازارلىرىغا يۈزلىنىپ، جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، كەڭ كۆلەمدە «كىرگۈزمەكتە»، چوڭ قەدەم ئېلىپ «چىقارماقتا».

ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونىنىڭ كۆپ خىل شەكىلدە ئۇلاپ توشۇش مەركىزىدە، كىران جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدىكى شىنجاڭغا سېتىلىدىغان ماللار سېلىنغان كونتېينېرلارنى چۈشۈرۈپ، يەنە شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى لىق قاچىلانغان كونتېينېرلارنى بېسىۋاتاتتى، نۆۋەتچى پويىز ئالاتاۋ، قورغاس قاتارلىق پورتلاردىن ئۆتۈپ، مالنى ياۋروپا دۆلەتلىرىگە توشۇيدۇ.

بۇ يىل 7 - ئايغىچە، 24 سائەت ئۈزۈلمەي شىنجاڭ تۇپرىقىنى كېسىپ ئۆتۈپ غەربكە ماڭغان نۆۋەتچى پويىزلار جەمئىي 2500 نەچچە قېتىمغا يېتىپ، يىللىق ئېشىش نىسبىتى 100% بولدى. جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئۈرۈمچى مال يىغىلىش مەركىزىنى يادرو قىلغان ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونىدىن ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە تۇتىشىدىغان «نۇقتىدىن نۇقتىغا» توشۇش لىنىيەسىدىن 19ى ئېچىلدى، بۇ، ياۋروپا - ئاسىيادىكى 17 دۆلەت، 24 شەھەرنى قاپلىدى.

جۇڭگو شىنجاڭنىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر، بولۇپمۇ ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىساد ئالاقىسى ۋە ھەمكارلىقىمۇ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىۋاتىدۇ. 2018 - يىلى، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 20 مىليارد دوللارغا يېتىپ، 1950 - يىلدىكىنىڭ 1481 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. دۇنياغا يۈزلەنگەن جۇڭگو شىنجاڭ يەرشارىۋى ئىقتىسادنىڭ بىر گەۋدىلىشىش دولقۇنىدا، پۈتۈن كۈچى بىلەن كارامىتىنى كۆرسىتىپ، نەتىجىسىنى نامايان قىلماقتا.

بەزىلەر: شىنجاڭغا كەلگەندە ئاندىن ئاسماننىڭ نەقەدەر كۆكلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ، دەيدۇ. 70 يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، يېڭى جۇڭگونىڭ ئىللىق قوينىدا، ئەۋلادمۇئەۋلاد شىنجاڭلىقلار پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە جاپاغا چىداپ ئىشلەپ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، پايانسىز بوشلۇقنى يورۇتۇپ، بىپايان تۇپراقنى ئىللىتتى.

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش. يېڭى تارىخىي پەللىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلىرى دولقۇن يېرىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ كۈچ قوشماقتا.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)